ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 13 ـ سان

ئاۋغۇست 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



## شاھىت:

## خىتاينىڭ دۇبەيدىكى مەخپىي تۈرمىسىدە ئۇيغۇرلار بار

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# خىتاينىڭ يەنە بىر ساختا تەشۋىقات قوشۇنى ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات ئېلان قىلىندى

«ئۇچۇر ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزى» (CIR) ناملىق تەتقىقات ئورگىنى 5-ئاۋغۇست يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، مەخسۇس خىتاي رېجىمىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر ساختا تەشۋىقات قوشۇنىنى پاش قىلغان.

BBC نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ساختا ئۇچۇرلارغا زەربە بېرىشنى نىشان قىلغان، پايدا ئالمايدىغان مەزكۇر تەتقىقات ئورگىنىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا 350 نەچچە كىشىلىك ساختا ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىنىڭ زور تور قوشۇنى تەشكىللەپ، خىتاينى قوللايدىغان مەزمۇنلارنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغانلىقى ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن، خىتايغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنغانلىقى، بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ خەلقئارادىكى تەسىر كۈچى ۋە ئوبرازىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، بۇ تور قوشۇنى تىۋىتتېر، فېيسبۇك، ئىنستىگرام ۋە يۇتيۇب قاتارلىق سۇپىلاردا ئاكتىپ بولۇپ، بىر قىسمى سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان باش سۈرەتلەرنى ئىشلەتكەن، يەنە بەزىلىرى ئوغرىلانغان ھېسابلارنى ئىشلىتىپ، باشقا تىلدىكى مەزمۇنلارنى تارقاتقان.

گەرچە مەزكۇر تور قوشۇنىنىڭ خىتاي رېجىمى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدە ئېنىق دەلىل-ئىسپات بولمىسىمۇ، ئەمما مەزكۇر تەتقىقات ئورگىنى ئېنىقلاپ چىقىلغان بۇ تور قوشۇنىنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن فېيسبۇك ۋە تىۋىتتېر تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەن خىتايپەرەس ھېسابلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ ھېسابلار تارقىتىۋاتقان مەزمۇنلار خىتاي دائىرىلىرى ۋە ئورگان تاراتقۇلىرى تەشۋىق قىلىۋاتقان مەزمۇنلار بىلەن بىردەكلىككە بولۇپ، ئاساسلىقى ئامېرىكىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ناچار ئىكەنلىكى، ئىرقچىلىقنىڭ ئېغىرلىقى قاتارلىق نۇقتىلارغا مەركەزلەشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھېسابلار يەنە شەرقىي تۈركىستاندا باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، بۇنى ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلغان.

مەزكۇر تەتقىقات ئورگىنى بۇ ساختا ھېسابلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ھەرىكىتىنى، كۆپ ئىشلىتىدىغان مەزمۇنلىرىنى، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تورلاشقان ساختا تەشۋىقات شايكىسىنى بايقاپ چىققان.

CIR بۇ ھەقتىكى دوكلاتنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، فېيىسبۇك شىركىتى دوكلاتتا ئېلان قىلىنغان بارلىق ھېسابلارنى تاقىۋەتكەنلىكىنى، تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، ساختا تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى توسىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇتيۇب شىركىتىمۇ بۇ تور قوشۇنىدىكى قائىدە-نىزامغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلارنى تاقىۋەتكەن. تىۋىتتېر شىركىتىمۇ دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان بارلىق ساختا ھېسابلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا گۇمانلىق ھېسابلارنى ئاساسەن دېگۈدەك تاقىۋەتكەنلىكىنى، بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەندىن بۇيان، خىتاي رېجىمى ئىچى-سىرتىدىكى ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن غايەت زور خىراجەت ئاجراتقان بولۇپ، بۇندىن بۇرۇنمۇ خىتاينىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش، يالغان خەۋەر تارقىتىش، ساختا ھېسابلارنى ۋە چەت ئەلدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنى تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە دوكلاتلار ئېلان قىلىنغان ۋە خىتاينىڭ بىر قىسىم تور قوشۇنىغا زەربە بېرىلگەن ئىدى.










# شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقانلار خىتاينىڭ قەرز پاتقىقىغا پاتماقتا

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى بولغان تەڭرىتاغ گېزىتىنىڭ 5-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ قەرز پۇلى 100 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، 6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 381 مىليارد 612 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 29 مىليارد 107 مىليون يۈەن ئاشقان، ئېشىش نىسبىتى 8.26% بولۇپ، قەرز پۇلنىڭ ئېشىش نىسبىتى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى سەۋىيەدىن يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 196 مىليارد 258 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 12 مىليارد 914 مىليون يۈەن ئاشقان، ئېشىش نىسبىتى 7.04% بولۇپ، تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ 51%نى ئىگىلىگەن.

نۆۋەتتە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ قەرز پۇلى قالدۇق سوممىسى 102 مىليارد 411 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيەگە چىققان. دېھقان ئائىلىلىرى قەرز پۇل مۇئامىلىدارلىرىنىڭ سانى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 293 مىڭ 500 ئائىلە كۆپەيگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، تۇتقۇن قىلىش، مۇسادىرە قىلىش، ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ۋەيران قىلغانلىقىنى، ئەركىنلىكىدىن، ئىقتىسادىي مەنبەسىدىن ئايرىلغان خەلقنىڭ ھاشار ياكى تۆۋەن مائاشلىق ئەمگەككە مەجبۇرلانغانلىقىنى، قەرز پاتقىقىغا پاتقانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.






گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز ئەڭ يېڭى دوكلاتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس چەكلەش سىياسىتى داۋاملاشقان تەقدىردە، 2040 - يىلىغا بارغاندا تۆت يېرىم مىليون ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار ئاساسىدا تەييارلىغان نوپۇزلۇق دوكلاتلىرى ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ كەلگەن گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز 24 - ئاۋغۇست «ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش ژۇرنىلى»دا «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇس ئۆستۈنلۈكىنى يوقىتىش: بېيجىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نوپۇس ئەلالاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ھەققىدە ئانالىز» ناملىق يېڭى دوكلاتىنى ئېلان قىلدى.

”

دوكلاتتا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، 2040 - يىلىغا بارغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ 13 مىليون 140 مىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەكلىكى، ئەمما خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان نوپۇس چەكلەش سىياسىتى سەۋەبلىك، كەلگۈسى 20 يىل ئىچىدە سەككىز مىليون 600 مىڭ بىلەن ئون يېرىم مىليون ئارىسىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، يەنى تۆت يېرىم مىليون نوپۇسنىڭ يوقايدىغانلىقى بايان قىلىندى.

ئادرىيان زېنز دوكلاتىدا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ نوپۇس تەڭشەش سىياسىتى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى خىتاي نوپۇسىنى ھازىرقى %8.4 تىن %25 كە كۆپەيتىشنى پىلانلىغانلىقىنى، ئەمما پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى كونترول قىلىش ئارقىلىقلا بۇ نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

«ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات مەركىزى» (ASPI) بۇ يىل 12 - مايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاينىڭ 2017 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان ئاتالمىش «قانۇنسىز تۇغۇشقا زەربە بېرىش» ھەرىكىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكىنى، يەنى 2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ %48.74 تۆۋەنلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش ياكى رىۋاندا ۋە كامبودژا

ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەزگىلىدىكى نوپۇس تۆۋەنلەشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

خىتاي رېجىمى بۇ ھەقتىكى دەلىل-ئىسپات ۋە دوكلاتلارنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپلا قالماي، بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەن تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ھۇجۇم ۋە ھاقارەت قىلىپ كەلمەكتە. بۇ يىل مارت ئېيىدا بىر قىسىم خىتاي شىركەتلىرى پىلانلىق ھالدا ئادرىيان زېنز ھەققىدە ئەرز سۇنغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ دوكلاتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي خىتاي رېجىمى ئاشكارا ئېلان قىلغان، ئوچۇق مەنبەلەردىن ئېرىشىلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا تەييارلانغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ خىتاينىڭ بۇ ئېنىق دەلىل-ئىسپاتلارنى نومۇسسىزلارچە ئىنكار قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا ۋەزىيەتنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.









# شەرقىي تۈركىستان ياردەم گۇرۇپپىسى خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىن ئايرىلدى

تۈركىيەنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش ۋە ئېھتىياجلىق ياردەملەرنى سۇنۇش ئۈچۈن ماناۋگاتقا بارغان شەرقىي تۈركىستان ياردەم گۇرۇپپىسى بۈگۈن پىلاندىكى ئۈچ كۈنلۈك خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئىستانبۇلغا قاراپ يولغا چىقتى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە تەۋە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى، كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى خادىملىرىنىڭ قاتنىشىشى ۋە باشقا ئون نەچچە تەشكىلاتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تەشكىللەنگەن جەمئىي 36 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا پىدائىيلار 4 - ئاۋغۇست ئانتالىيانىڭ ماناۋگات ناھىيەسىگە يېتىپ بارغان ئىدى.

ياردەم گۇرۇپپىسى بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ياردەم بۇيۇملىرى ئامبىرىدا توشۇش، رەتلەش، تارقىتىش قاتارلىق ئارقا سەپ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش، ئۇيغۇر پولۇسى ئېتىپ، ئاپەت رايونىدىكى خادىملارغا ۋە يەرلىك خەلقكە تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر بويىچە پىدائىيلىق قىلدى.

ياردەم گۇرۇپپىسى يەنە تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن قالدۇق ئوت ئۆچۈرۈش خىزمەتلىرى داۋاملىشىۋاتقان بىر قىسىم رايونلارغا بېرىپ، ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملاردىن ھال سورىدى ۋە خىزمەتلىرىگە ياردەملەشتى. ياردەم گۇرۇپپىسى ئاپەت رايونىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ماناۋگاتنىڭ كەپەز رايونلۇق ھۆكۈمەت باشلىقى خاقان تۈتۈنجۈنى زىيارەت قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ياردەم گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدىكى خىزمەتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ۋە تۈركىيەنىڭ يېڭى ئەسىر گېزىتى، ئايقىرى خەۋەرلىرى، قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تۈركىيە خەلقىگە يەتكۈزۈلدى،



شۇنداقلا تۈركىيەنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەمنۇن قىلدى.

نۆۋەتتە تۈركىيەنىڭ 44 ۋىلايىتىدىكى 191 رايوندا ئوت ئاپىتى كونترول قىلىنغان بولۇپ، يەنە ئالتە ۋىلايەتتىكى 13 رايوندا ئوت ئۆچۈرۈش خىزمەتلىرى داۋاملاشماقتا.










# ئۇيغۇر باللارنىڭ زاۋۇتتا ئەمگەككە سېلىنغان كۆرۈنۈشلىرى دىققەت قوزغىدى

يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تارقالغان سىنلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى ئۇيغۇر باللارنىڭ خىتاي زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا دىققەت قوزغىدى.

مەزكۇر سىنلاردا تەخمىنەن ئالتە ياشتىن ئون ياشقىچە كېلىدىغان بىر توپ ئۇيغۇر بالىنىڭ مەلۇم تىككۈچىلىك سېخىدا ئىشلەۋاتقانلىقى، خىتاي خوجايىنىنىڭ ئۇلارغا پۇل تەڭلەپ، سۈرەتكە چۈشۈۋاتقانلىقى، يېشىغا قىلچە ماس كەلمىگەن هالدا، تىككۈچىلىك ماشىنىسى ئالدىدا ئىشلەۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىزنىڭ پۈتىنىڭ ئوشۇقىدىن تېڭىپ قويۇلغانلىقى ۋە ئاقساپ مېڭىۋاتقانلىقىمۇ دىققەت تارتقان.

بۇندىن بۇرۇن خىتاينىڭ تور بەتلىرىدە تارقالغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنى توپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش هەققىدىكى ئېلانلاردىمۇ 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرنىڭ بارلىقى ئاشكارىلانغان ۋە بىر قىسىم خەۋەر-دوكلاتلاردا ئورۇن ئالغان ئىدى. هالبۇكى، خىتاينىڭ ئاتالمىش قانۇن-نىزاملىرىدىمۇ 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرلەرنى ئىشچى سۈپىتىدە ئىشلىتىش چەكلەنگەن بولۇپ، يۇقىرىقى سىندىكى باللارنىڭ پۈتۈنلەي قانۇنسىز هالدا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى هەققىدە شۇبهە يوق ئىكەن.

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ جازا لاگېرى ياكى تۈرمىگە قامالغان بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى ئىكەن.

خىتاي يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا ئوچۇق-ئاشكارا هالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن بۇيان، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، تۇغماس قىلىش... قاتارلىق ئىنسانىيەت تارىخىدا مەۋجۇت بولغان بارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا، شۇنداقلا تېخى تۇغۇلمىغان بوۋاقتىن تارتىپ، ياشانغانلارغىچە بولغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ زىيانكەشلىك ئوبيېكتى بولۇپ كەلمەكتە.





# دوكلات: پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا خىتاينىڭ قولچومىقى بولدى

ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى (UHRP) ۋە ئوكۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى جەمئىيىتى (The Oxus Society) 11 - ئاۋغۇست «ئاسماندا تور يەردە قاپقان: خىتاينىڭ پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئوۋلىشى» ماۋزۇلۇق يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى.

> دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي 1990 - يىلىدىن باشلاپ پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا دۆلەت ھالقىپ زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان. 2001 - يىلغا كەلگەندە جەمئىي 27 ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرۇلغان ياكى پاكىستان بىخەتەرلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئامېرىكا 2001 - يىلى يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي شۇ باھانە بىلەن پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا زىيانكەشلىكنى كۈچەيتىپ، پاكىستانغا تۇرلۇك ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2008 - يىلغا قەدەر پاكىستاندا تۇتۇپ قېلىنغان ياكى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلار 17 گە يەتكەن.

دوكلاتتا يەنە 2009 - يىلى 7 - ئايدا خىتاي ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرغاندىن كېيىن، مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ چىققانلىقى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار پاكىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە بارماقچى بولغاندا، 16 ئۇيغۇرنىڭ پاكىستان چېگراسىدا تۇتۇپ قېلىنىپ، خىتاينىڭ تەھدىتى بىلەن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي 2014 - يىلى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نى قوزغىغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دۆلەت ھالقىغان زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، 16 گە يېقىن ئۇيغۇر بۇ ئىككى دۆلەتتىن خىتايغا قايتۇرۇلغان ياكى تۇتقۇن قىلىنغان. خىتاي يەنە بۇ ئىككى دۆلەتتە پاناھلانغان ئۇيغۇرلارغا خاككېرلار، ۋىرۇس ۋە ۋاكالەتچى ۋاستىلىرى ئارقىلىق بېسىم ئىشلەتكەن ھەمدە خىتاي تەشكىلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، راۋالپىندىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات بۇ ھەقتە توختىلىپ: «پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. ئۇلار خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىسلامئاباد ۋە كابۇلدا پاناھلانغان ئاجىز ئۇيغۇرلارغا ئوچۇق-ئاشكارا پاراكەندىچىلىك

سېلىپ، تۇتقۇن قىلدى ۋە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى... خىتاي ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قارشى ھەر خىل زوراۋان شېرىكلەرنى سېتىۋالدى» دېگەن.

ئوكۇس ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى جەمئىيىتىنى رەئىسى بىرەدلى جاردىن بۇ ھەقتە: «خەلقئارا جەمئىيەت شۇنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەككى، پاكىستان باش مىنىستىرى ئىمران خان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە سۈكۈت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتا خىتاينىڭ قولچومىقى بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئافغانىستاندىن چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئىككى دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاھالىسى پاكىستاننىڭ قوللىشى ۋە تالىبان ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە دۇچ كەلمەكتە، ھەتتا ئۇلار خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتتا ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تەمىنلەنگەن پاناھلىق ئورۇنلىرىنىڭ كۈنسېرى بىخەتەر بولمايۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا پاناھلىق بېرىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا چاقىرىلغان. ئۇندىن باشقا ب د ت مۇساپىرلار مەھكىمىسىنىڭ ئىسلامئابادتىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ پاناھلىق ئىلتىماسىنى رەت قىلىش ئەھۋالى يۈز بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەكشۈرۈشى تەۋسىيە قىلىنغان.








# مىسىر ۋەقەسى ھەققىدىكى تۈنجى دوكلات ئىككى تىلدا ئېلان قىلىندى

تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى يېقىندا ئەرەبچە ۋە تۈركچە ئىككى تىلدا «مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى: مىسىر دوكلاتى» ماۋزۇلۇق يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى.

مىسىردىكى ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى ھەققىدىكى تۇنجى تەپسىلىي مەلۇمات ھېسابلىنىدىغان مەزكۇر دوكلات تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، خەلقئارا ئاخبارات ئورگانلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى تەييارلىغان دوكلاتلار، گۇۋاھچىلارنىڭ بۇ ھەقتە تەمىنلىگەن ئىسپاتلىرى ۋە ئالاقىدار سۈرەتلەر نەقىل ئېلىنىپ، دەلىل-ئىسپاتلىق ھالدا مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى خىتايغا تاپشۇرۇش بىرىشتەك ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇش تارىخىنىڭ 1905 - يىلىدىن باشلانغانلىقى، شۇندىن بۇيان مىسىرغا ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كەلگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ سانى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان دىنغا قارشى سىياسىتىنىڭ كۈچىيىشىگە قارىماي ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەنلىكى، 2017 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئاشقانلىقى، 2014 - يىلىدىن باشلاپ خىتاي بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، 2017 - يىلىغا كەلگەندە مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش تېررور سىياسىتىگە ھەمكارلىششقا باشلىغانلىقى، 2017 - يىلى 4 -ئىيۇلدىن ئاۋغۇست ئېيىغىچە بولغان بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە مىسىردا ۋاقىتلىق تۇرۇش رۇخسىتى بار 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى ئۆيلىرىدىن تۇتقۇن قىلغانلىقى، ئاز دېگەندە 24 ئۇيغۇرنىڭ «يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش» باھانىسى بىلەن دورا يېگۈزۈش ئارقىلىق ھوشسىزلاندۇرۇلۇپ، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولمىغانلىقى، بىرقىسمىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن يەتتە يىلدىن ئون يىلغىچە كېسىۋېتىلگەنلىكى، يەنە بىر قىسمىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلىقى، مىسىر ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشىگە ھەمكارلىشىش جىنايىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار بۇ ھەقتە توختىلىپ، مەزكۇر دوكلاتنىڭ مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىل-ئىسپات ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ھەمكارلاشقان سىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چوقۇم خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى تەرىپىدىن سوتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.









فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ «جەنۇبى خىتاي سەھەر گېزىتى» خەۋىرىنى نەقىل قىلىپ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بەرگەن.

جەنۇبى خىتاي سەھەر گېزىتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي يېقىنقى بىر نەچچە ئىچىدە ئاتالمىش «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» يولىنى تۇتقان بولۇپ، خىتاي قىسىملىرىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز ۋە تەيۋەن بوغۇزىدىكى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بىرلىكتە خىتايغا قارشى تەييارلىق كۆرۈشكە مەجبۇرلىغان، بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي دېڭىزنى قوغداش ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەيۋەننى ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقى باشلانغان. ئۇندىن باشقا شى جىنپىڭ يېقىندىن بۇيان خۇسۇسىي كارخانىچىلارنى توختىماي باستۇرغان بولۇپ، تاشقى دۇنيا بۇنىڭغا ئاساسەن خىتاي كومپارتىيەسى ئىچكى زىددىيەتكە پېتىپ قالدى، پەرەز قىلغان.

9 - ئاۋغۇست جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتىنىڭ

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شەخسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئۆزئارا پۇت تېپىشىشكە باشلىغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان بولۇپ، خىتاي خەلقئارادا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزىگە كۆپلىگەن دۈشمەن تېپىۋالغان. خىتاي ھەقىقىي ئۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر پەيتتە، خىتاي ئارمىيەسى «دۆلەت ھالقىغان بىرلەشمە قوشۇن» بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش ھەتتا شى جىنپىڭغىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ شى جىنپىڭغا بىر-بىرىنى شىكايەت قىلغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى خىتاي ئارمىيەسىنى ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە زىيادە «يۇمشاقلىق قىلدى» دەپ تەنقىد قىلغان. خىتاي ئارمىيەسى شى جىنپىڭغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى»دىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى

ھەمدە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىز سۆزلىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى بۇ ھەقتىكى ئانالىزچىلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىچى-سىرتىغا قارىتا ئىككى تۈرلۈك تەشۋىقات ئۆلچىمى قوللانغانلىقىنى، «مۆشۈكئېيىق دىپلوماتىيەسى» دەپ ئاتالغان ئىچىگە قاتتىق، سىرتقا يۇمشاق مەيداننى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتتىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دىپلوماتىك چەمبىرىكىدىكى «جەڭ بۆرىسى» ۋە «مۆشۈكئېيىق»تىن ئىبارەت ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەلقئارادىكى تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر شى جىنپىڭنىڭ نۆۋەتتە ھەربىي ساھە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئاساسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قىيىن ئەھۋالنى ئېنىق ئاشكارىلىغان. نۆۋەتتە خىتاي دائىرىلىرى بۇ خەۋەر ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرمىگەن.







# دۇبەيدە خىتاينىڭ مەخپىي تۈرمىسى بارلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قامالغانلىقى ئاشكارىلاندى

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ 16 - ئاۋغۇستتىكى خەۋرىدە خىتاينىڭ دۇبەيدە مەخپىي تۈرمە تەسىس قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قامالغانلىقىنى ئاشكارىلانغان بولۇپ، خىتاي تەرەپ بۇنى ئىنكار قىلغان.

ۋۇ خۇەن ئىسىملىك بىر خىتاي ئايال ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇبەيدىكى مەخپىي تۈرمىدە كەم دېگەندە سەككىز كۈن تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقىنى، ئۇ يەردە يەنە ئىككى ئۇيغۇرنىڭمۇ بارلىقىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ چېگرا سىرتىدىكى «قارا تۈرمە»سىنىڭ تۇنجى ئىسپاتى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ۋاڭ جىڭيى ئىسىملىك بىر خىتاي ئۆكتىچىنىڭ بولغۇسى ئايالى بولغان ۋۇ خۇەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دۇبەيدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇرۇۋاتقاندا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە بىر تۈرمىگە ئۆزگەرتىلگەن داچىغا ئاپىرىلىپ، تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئۇ بۇ تۈرمىدە باشقا ئىككى ئۇيغۇرنىڭمۇ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ «نېمىشقا مېنى تۇتىسىلەر؟ مېنى قويۇۋېتىڭلار، مەن تۈركىيەگە كېتىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

ئۇ قامىلىش جەريانىدا خىتاي خادىملارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ۋە بولغۇسى ئېرىنى پاراكەندىچىلىك سېلىش جىنايىتى بىلەن ئەرز قىلغان ھۆججەتلەرگە مەجبۇرىي ئىمزا قويغان. ئۇ ئاخىرى 8 - ئاۋغۇست قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ھازىر گوللاندىيەدە پاناھلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتىكەن.

بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «قارا تۈرمە» خىتايدا كۆپ ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر خىتاي ئايال ئاشكارىلىغان پاكىتلار مۇتەخەسسىسلەرگە نىسبەتەن خىتاينىڭ باشقا دۆلەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش تۈرمىلەرنى قۇرغانلىقىغا ئائىت بىردىنبىر ئىسپات ئىكەن. خىتاي خەلقئارالىق تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، بۇ خىل قارا تۈرمىلەرنى خىتاي سىياسىتىگە قارشى تۇرغان ئۆكتىچىلەرنى، چەت ئەلگە قاچقان ئەمەلدارلارنى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان شەخسلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ياكى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ دۈشەنبە بۇ ھەقتىكى ئىسپاتلارنى رەت قىلىپ: «بۇ كىشىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن.

دۇبەي ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى باياناتىدا: «دۇبەي خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان تەرتىپ ۋە يەرلىك قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ھېچقانداق چەت ئەللىكنى تۇتۇپ تۇرمايدۇ، شۇنداقلا چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىدا ھەر قانداق تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىشىغا يول قويمايدۇ» دېگەن.

نۆۋەتتە مەزكۇر تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى، شۇنداقلا بۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇبەيدىن خىتايغا قايتۇرۇلغان-قايتۇرۇلمىغانلىقى ھەققىدىكى پەرەز ۋە ئەندىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا.










تالىبانلار ئافغانىستاننى تېز سۈرئەتتە ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلانغان بولۇپ، خىتاي تالىبانلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭ 17-ئاۋغۇست ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرى ۋە كەلگۈسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ كابۇلدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان.

خۇا چۇنيىڭ يەنە مۇخبىرنىڭ «خىتاي تەرەپ تالىبانلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى توغرىسىدا سۆزلەشتىمۇ؟ تالىبانلاردىن خىتاينىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارالىق تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، تالىبان مەسئۇللىرىنىڭ ئافغانىستان زىمىنىدا خىتايغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە يول قويمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىنى، تالىباننىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئافغانىستاندا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى پەرەز قىلغان خىتاي دائىرىلىرى 2019 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ تالىبان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلىپ، تالىبانلار بىلەن ئاشكارا ئالاقە قىلغان. خىتاي بىلەن تالىباننىڭ ئەڭ يېقىنقى رەسمىي ئۇچرىشىشى بۇ يىل 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تالىبان رەھبىرى موللا ئابدۇللا غېنى بىرادەر خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن.

نۆۋەتتە خىتايدىن باشقا، رۇسىيەنىڭ كابۇلدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭمۇ نورمال خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىكەن. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن دۈشەنبە خىتاي ۋە رۇسىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، بىراق سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئۇچۇر بەرمىگەن.




# خىتاي شەرقىي تۈركىستانىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىنى تېزلەتتى

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 17 - ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر خىل كان بايلىقىنى بۇلان-تالاڭ قىلىشنى داۋاملىق كۈچەيتكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى بۇ يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-سېتىشىنى تېزلەتكەن. بۇ يىل 6 - ئايغىچە شەرقىي تۈركىستان بويىچە جەمئىي 137 مىليون 292 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىلغان بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5% ئاشۇرغان. شۇنداقلا كۆمۈردىن تەبىئىي گاز ئېلىش مىقدارى 1 مىليارد 540 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى» ئولىپقىن ئىشلەپچىقىرىش مەركىزىنىڭ پولىئېتىلېن ۋە پولىپروپىلېن ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىدا، كۆمۈردىن پولىئېتىلېنلىق سىمولا دانچىسى ۋە پولى ئاكرىللىق سىمولا دانچىسىغا ئېرىشىلىدىكەن. نۆۋەتتە خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھى ئاتالمىش شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى كۈنىگە تەخمىنەن 800 توننا پولىئېتىلېن مەھسۇلاتى، تەخمىنەن 1200 توننا پولىپروپىلېن مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقارغان. ئالدىنقى يېرىم يىلدا جەمئىي 309 مىڭ 800 توننا پولىئېفىر مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2 مىليارد 493 مىليون يۈەن كىرىم قىلىنغان.

> ئۇندىن باشقا خىتاي يەنە 11 - ئاۋغۇست قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئارا تۈرۈك ناھىيەسى نوم سانائەت باغچە رايونىدا گۇاڭخۇي ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ توزانلىق كۆمۈر گازىدىن پايدىلىنىپ، يىلىغا 400 مىڭ توننا ئېتىلېن گىلىكول ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدە جىددىي قۇرۇلۇش قىلماقتىكەن. بۇ تۈر بۇ يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان.
>
> كۆزەتكۈچىلەر خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بايلىقلارنى خىتاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، يەرلىك خەلقنىڭ ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

تۈركىيەدىكى 150 كە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىنىڭ غەلىبىلىك ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، 21 - ئاۋغۇست ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇراسىم ئىستانبۇلنىڭ ئەييۇب سۇلتان رايونىدىكى باھارىيە مەۋلەۋىيخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، تەشكىلات رەھبەرلىرى، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ، 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

مۇراسىم قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى. ئالدى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ نازىرلار ھەيئىتى رەئىسى پىروفېسسور، دوكتور جەلال ئەرباي ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە بۇ مۇراسىمنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغانلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خىتايغا بېرىلگەن بىر كۈچلۈك جاۋاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىپ كەلگەن سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى، كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا ۋە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ رەھبەرلىرىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى، مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلىدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تېگىشلىك رول ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، مەيلى قايسى ساھەدىكىلەر بولسۇن، بۇندىن كېيىن



خىتاينىڭ يىقىلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى كۆزدە تۇتقان، نىشان قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىش ۋە ئىستراتېگىيە تۈزۈشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشتا تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئەمما بۇ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەسلىكىنى ۋە ھەرۋاقىت ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن بۇرچىنى ئادا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپىنى زايە قىلىۋەتمەي، ئەمەلىي قوللىنىشى كېرەكلىكىنىمۇ تەكىتلىدى.

مۇراسىمغا قاتناشقان ساباھاتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور فاھرەتتىن سۆز قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئەڭ تىرىشچان، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن مەكتەپتىكى ئىپادىسىدىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفىنىڭ باش كاتىپى دوكتور شەۋكەت ناسىر سۆز قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ پۇرسەتلەرگە ۋە قولايلىقلارغا ئېرىشىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئەۋزەل شارائىتنى تېخىمۇ قەدىرلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېشىت ئەمىن ۋەقفىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىلىرى ۋە بىر نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان خىزمەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

مۇراسىمدا يەنە تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشىپ، مۇراسىم سۆزى قىلدى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلىدى.

قىسقا دەم ئېلىشتىن كېيىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توسۇشتىكى، شۇنداقلا توغرا پىكىرگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم قورالنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىكەنلىكىنى، ئىلىم ئېلىۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆز بىلىمىنى ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن، خىتايغا قارشى مۇجادىلە ئۈچۈن ئەمەلىي قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.




ئارقىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىۋېرسىتېتنى بىرىنچى بولۇپ پۈتتۈرگەن ئابدۇللاھ مۇيدىنئوغلى ۋە ئۆمەر يۈكسەلگە 2000 لىرا مۇكاپات بېرىلدى. ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا 1000 لىرادىن، ھەرقايسى مەكتەپلەردە باكالاۋۇرلۇقنى ئالاھىدە ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا 800 لىرادىن مۇكاپات بېرىلدى. بۇلاردىن سىرت، باكالاۋۇرلۇقنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا 200 لىرا قىممىتىدىكى كىتاب سېتىۋېلىش كارتىسى، قالغان ئوقۇغۇچىلارغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلىندى. ئاخىرىدا مۇراسىم جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇپچە دۇئا بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.





# ئاۋستىرالىيە كېڭەش پالاتاسى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىغا قارشى تاموژنا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى

ئاۋستىرالىيە خەلقئارا رادىيوسى SBS نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاۋستىرالىيە كېڭەش پالاتاسى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش مەقسىتىدە تاموژنا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئىككى ھەپتە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، كېڭەش پالاتاسى 23-ئاۋغۇست تۈنجى بولۇپ زامانىۋى قۇللۇققا قارشى تۈرۈش لايىھەسىنى ماقۇللىغان. بۇ تەكلىپنى مۇستەقىل كېڭەش پالاتا ئەزاسى رېكس پاترىك ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ تەكلىپ لايىھەسى كېڭەش پالاتاسىدا ماقۇللانغان. بۇ قانۇن ئاۋستىرالىيە شىركەتلىرىنىڭ تولۇق ياكى قىسمەن مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشىنى چەكلەيدىكەن.

بۇ لايىھە رېكس پاترىك خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە بولۇپ، لايىھەگە ئاساسەن تاموژنا قانۇنى ئاۋستىرالىيەگە ئىمپورت قىلىنغان «مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق» دەپ قارالغان ھەر قانداق تاۋارغا جازا ئىجرا قىلىنىدىكەن. پاترىكنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىي ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار بار ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ لايىھە كېڭەش پالاتاسى تەرىپىدىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئاۋام پالاتاسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تەستىقلىنىدىكەن. ئاۋام پالاتاسى تەستىقلىغاندىن كېيىن مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ھەر قانداق مەھسۇلات شەھۋانىي بويۇملار، قورال ۋە ئوق-دورا ۋە ساختا دورا چەكلەنگەنگە ئوخشاش دەرىجىدە جازالىنىدىكەن. مەزكۇر لايىھەنى ئىشچىلار پارتىيەسى، يېشىللار پارتىيەسى ۋە بىر قىسىم بىتەرەپ پارلامېنت ئەزالىرى قوللىغان. ئەمما ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئىتتىپاق بۇنىڭغا قارشى چىققان. يەرلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىردەك پارلامېنتنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لايىھەنى ماقۇللاپ، چېگرا مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا چاقىرغان.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئالدىنقى ئايدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇن ماقۇللىغان بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق تاۋارلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

# قەشقەر دائىرىلىرى:
# بارلىق ئۆيلەردىكى گىلەملەر ئېلىۋېتىلىشى كېرەك



ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى 25-ئاۋغۇست قەشقەر شەھىرىدە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆيىدىكى گىلەملەرنى ئېلىۋېتىشكە، بېكىتىلگەن ئۆي جاھازلىرىنى قويۇشقا بۇيرۇغان.

خىتاي يېقىندىن بىرى ھەر خىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىناكارلىق، ھويلا-ئارام، ئائىلە بېزەكچىلىك مەدەنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۈچەيتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئايۋان، سۇپا، ئويۇق، نەقىش دېگەندەك ئەنئەنىۋى بېزەكلەر ۋە ئۆي قۇرۇلمىلىرى چېقىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. بۇ قېتىم قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ئاتالمىش «ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش» نامىدا، ئەمەلىيەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆي ئىچى مەدەنىيىتىنى كۆزدىن يوقىتىش ۋە خىتايلار بىلەن بولغان پەرقنى تېخىمۇ كىچىكلىتىشتەك رەزىل مەقسەت بىلەن، شەھەر ئاھالىسىگە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۆيىدىكى گىلەملەرنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇغان.

ئۇقتۇرۇشتا: «قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش تەلىپىگە ئاساسەن، بارلىق ئۆيلەرنىڭ گىلەملىرى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلىپ، يەر يۈزى پاكىز تازىلىنىشى، ئۈچ يېڭى ئۆي جاھازلىرى ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئۇخلايدىغانغا كارىۋات، ئولتۇرىدىغانغا سافا-شىرە، تاماق يەيدىغانغا تاماق ئورۇندۇقى بار بولۇشى كېرەك. بۈگۈندىن باشلاپ كۆپچىلىك ھەرىكەتكە كېلىمىز. خىزمەت 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن بۇرۇن تۈزىتىلىپ بولىدۇ. ۋىلايەت مەخسۇس تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋاقتىدا تۈزەتمىسە، خىزمەت ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇللارغا دوكلات قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

يەنە بىر توپقا يوللانغان ئۇچۇردا كۆرسىتىلىشىچە، 26 - ئاۋغۇست مەھەللە كومىتېتى خادىملىرى خەلققە تەھدىت سېلىپ: «ھازىرغىچە گىلەمنى ئېلىۋەتمىگەن، ئۆيگە سافا-شىرە ئالمىغانلار تەلەي سىناش خىيالىدا بولماي، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىڭلار! كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ ئورنى يوق» دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا يەنە: «ياغلىق ئارتىدىغانلار، كۆڭلەكنىڭ ئاستىغا ئىشتان كىيىدىغانلار دىققەت قىلىڭلار، ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيمەڭلار!» دېيىلگەن.

كۆزەتكۈچىلەر تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق تەرەپلىرىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ پەرقنى يوقىتىش ئۈچۈن، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان بارلىق رەزىل ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




تۈركىيە ئۇنىۋېرسال تېلېۋىزىيە تورىنىڭ 27-ئاۋغۇستتىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى شياۋمى ۋە ئۇنىڭ شېرىكى سالكومپىنىڭ ئىستانبۇل ئاۋجىلار رايونىدىكى زاۋۇت ئىشچىلىرى خىتاينىڭ ئالدامچىلىقى سەۋەبلىك ئىش تاشلىغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئىشچىلارغا ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىدە مائاش بەرگەن شياۋمى ۋە ئۇنىڭ شېرىكى سالكومپ شىركىتىدە 800 ئەتراپىدا ئىشچى ئىشلەيدىغان بولۇپ، شىركەت ئۇلارنى ناچار شارائىتتا ئىشلەتكەن. كۈندە سەككىز سائەت ئىشلەش توختامى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىشچىلارنى كۈندە 11 سائەت ئىشقا سالغان. ئىش ھەققىنى تولۇق بەرمىگەننى ئاز دەپ، بىرلىشىپ ھەققىنى تەلەپ قىلغان ئىشچىلارنى ئىشتىن قوغلىغان. ئاخىرىدا ئىشچىلار خىتاي شىركىتىنىڭ ناھەقچىلىكىگە قارشى ئۇيۇشما تەشكىللەپ، ئىشتىن قوغلانغانلار بىلەن ئىشلەۋاتقانلار بىرلىشىپ ئىش تاشلاپ، نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن.

ئىشچىلارنىڭ مۇخبىرغا ئاشكارىلىشىچە، شىركەت ئىشچىلارغا ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى بويىچە 1900 لىرا ئىش ھەققى بەرگەن. ئىشقا كىرگەندە سەككىز سائەت ئىشلەشكە توختاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما شىركەت ئىشچىلارنى كۈندە 11 سائەتكىچە ئىشقا سالغان. ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغۇچە نامايىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىشتىن بوشىتىلغان يۈجەل قاراتال ئەپەندى مۇخبىرغا: «مەن شىركەتكە مېيىپ نامىدا كىرگەن. ئەمما شىركەت ماڭا مېيىپلارنى ئىشلىتىدىغان ئۆلچەمدىن كۆپ خىزمەت بۆلۈپ بەردى. بۇ خىل بېسىمدىن كېيىن بىز ئۇيۇشما قۇرۇشنى قارار قىلدۇق. بىز ئۇيۇشما تەشكىللەپ ھەققىمىزنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىنلا شىركەت بىزنى ئىشتىن بوشاتتى. بىز سەككىز سائەت ئىشلەشكە كېلىشكەن بولساقمۇ، ئەمما بىز ئەزەلدىن 8 سائەت ئىشلەپ باقمىدۇق. بىزنىڭ ھەر كۈنى ئىشلىگەن ۋاقتىمىز 10-11 سائەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگەن مائاشىمىزنى ئالالمىدۇق» دېگەن.

خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئىشچىلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئېزىشى خىتايدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، بۇ قىلمىشنى چەت ئەلدىمۇ داۋاملاشتۇرۇشى دىققەت قوزغىماقتا.




شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قامالغان مىليونلىغان بالىلار خىتاي رېجىمىنىڭ مېڭە يۇيۇش، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نىشانى بولماقتا.

# مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | يۈسۈپجان قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| بەتچىك | ئىرشات سەرھان |
| ھەجۋىي رەسىم | رەدۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |

info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00